# ئىستىقلال ئاۋازى

## ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئومۇمىي 25 ـ سان

ئاۋغۇست 2022

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۈنجى باسقۇچىدۇر




# ب د ت نىڭ دوكلاتى ئاخىرى ئېلان قىلىندى


DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
DTMD
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى



Istiqlal TV · Istiqlal TV · Istiqlal TV · Istiqlal TV



# خەلقئارا جەمئىيەت كۆتۈۋاتقان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى دوكلات ئاخىرى ئېلان قىلىندى

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى مىشېل باچېلېت خەلقئارا جەمئىيەت ئۇزۇندىن بۇيان كۈتۈۋاتقان دوكلاتنى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇنقى ئاخىرقى مىنۇتلاردا ئېلان قىلدى.

مىشېل باچېلېت 31-ئاۋغۇست ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقان ئاخىرقى پەيتلەردە، ئۇزۇندىن بۇيان كېچىكتۈرۈلۈپ كەلگەن، خەلقئارا جەمئىيەت تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى دوكلاتنى ئېلان قىلغان بولۇپ، دوكلاتتا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە قىلىۋاتقان مۇئامىلىلىرىنىڭ «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» شەكىللەندۈرگەن بولۇشى مۇمكىنلىكى تەكىتلەنگەن.

باچېلېتنىڭ ئىشخانىسى تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ خۇلاسىسىدە خىتاينىڭ 2017-يىلىدىن 2019-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاتالمىش «تېررورلۇق ۋە ئاشقۇنلۇققا قارشى تۇرۇش» نامىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە زەربە بېرىشىنىڭ خەلقئارا قانۇن ساھەسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

باچېلېتنىڭ ئىشخانىسى تەييارلىغان مەزكۇر 48 بەتلىك دوكلاتتا: «خىتاينىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنى ئاساس قىلغان خالىغانچە ۋە كەمسىتىش خاراكتېرلىك تۇتۇپ تۇرۇش قىلمىشىنىڭ دەرىجىسى قانۇن ۋە سىياسەتكە ئاساسلانغاندا، شەخسلەر ۋە گۇرۇپپىلار بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئاساسىي ھوقۇقلارنى تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك چەكلىگەن ۋە مەھرۇم قىلغان ئەھۋال ئاستىدا خەلقئارالىق جىنايەت شەكىللەندۈرگەن بولۇشى، بولۇپمۇ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت شەكىللەندۈرگەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ خۇلاسە قىلىنغان.

دوكلاتتا خىتاينىڭ ئاتالمىش «تەربىيەلەش مەركىزى» دەپ ئاتىۋالغان جازا لاگېرلىرىدىكى قىيىن-قىستاققا ئېلىش، ناچار مۇئامىلە قىلىش، جۈملىدىن نامەلۇم دورىنى مەجبۇرىي يېگۈزۈش، ناچار شارائىتتا تۇتۇپ تۇرۇش، ئاياغ ئاستى قىلىش ۋە ۋەھشىيلەرچە زوراۋانلىق قىلىش توغرىسىدىكى ئەھۋاللار قەيت قىلىنغان بولۇپ، «بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار ئىشەنچلىك» دەپ باھا بېرىلگەن.

باچېلېتنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئىشخانىسى مەۋجۇت بولغان ئۇچۇرلاردىن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىنىڭ كونكرېت دەرىجىسى ھەققىدە «ئېنىق يەكۈن» چىقىرىشقا ئامالسىز ئىكەن، ئەمما خىتاي قورۇپ چىققان بۇ ئەسلىھەلەرنىڭ خىتاينىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە يۈز بېرىشىنى «مۇنبەت تۇپراق» بىلەن



تەمىنلەيدىغانلىقى ئېنىق ئىكەن.

باچېلېت دوكلاتنى ئېلان قىلىپ بىر نەچچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى پەيشەنبە تاڭ سەھەردە خىتاينىڭ جەنۋەدىكى دائىمىي تۇرۇشلۇق ئۆمىكىنىڭ باياناتچىسى ليۇ يۇيىن بايانات ئېلان قىلىپ: «بۇ دوكلات ئامېرىكا ۋە غەرب دۆلەتلىرىدىن ئىبارەت خىتايغا قارشى كۈچلەر پىلانلىغان سېنارىيە» دەپ بىلجىرلىغان. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىمۇ بۇ ھەقتە نارازىلىق بىلدۈرۈپ: «ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى ئىشخانىسى ئامېرىكا قاتارلىق غەرب ئەللىرىنىڭ خىتايغا قارشى تۇرۇشتىكى يانتايىقى ۋە قورالىغا ئايلاندى» دەپ بىلجىرلىغان.

باچېلېت ئالدىنقى پەيشەنبە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىنى ئېلان قىلىش مەسىلىسىدە ئىنتايىن ئېغىر بېسىم ئاستىدا قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانىدى ۋە بۇ بېسىملارنىڭ مەزكۇر دوكلاتنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى توسالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

ب د ت باش كاتىپى ئانتونىيو گۇتېرېسنىڭ باياناتچىسى دوكلات ھەققىدە ئېلان قىلغان باياناتىدا، ب د ت باش كاتىپىنىڭ دوكلات ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن مەزكۇر دوكلاتنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتقان.

30-ئاۋغۇست ب د ت نىڭ ئومۇمىي يىغىن زالىدا مىشېل باچېلېتنىڭ ۋەزىپىدىن ئايرىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، 15 مىنۇت خوشلىشىش نۇتقى سۆزلىگەن باچېلېت ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى تىلغىمۇ ئالمىغانلىقى ۋە تەييارلانغان دوكلات ھەققىدىمۇ زۇۋان سۈرمىگەنلىكى سەۋەبلىك ئەيىبلەنگەنىدى. خۇسۇسەن ئەنگلىيەنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى رىتا فىرەنچ، كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىدىكى جون فىشېر قاتارلىقلار ئۇنى ئاخىرقى مىنۇتلاردا بولسىمۇ مەزكۇر دوكلاتنى ئېلان قىلىشقا چاقىرغانىدى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى بۇ ھەقتە بايانات ئېلان قىلىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرىنى ب د ت نىڭ بۇ دوكلاتىغا ئاۋاز قوشۇپ، خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان جىنايەتلىرىنى توسۇشقا چاقىردى. شۇنداقلا ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشخانىسى، خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتى قاتارلىق كۆپلىگەن خەلقئارالىق ئورگانلاردىنمۇ مەخسۇس خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرگە ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى تەكشۈرۈشنى ۋە توسۇشنى تەلەپ قىلدى.





# خىتاي ۋىرۇس باھانىسى بىلەن غۇلجىنى قامال قىلدى

خىتاي يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى سىرتقى مۇھىتتىن ئايرىپ كونترول قىلىپ كەلگەن بولۇپ، يىللاردىن بېرى ئاتالمىش «تېررورلۇققا زەربە بېرىش» نامىدا باستۇرۇپ كەلگەن بولسا، يېقىنقى مەزگىللەردە ئاتالمىش «ۋىرۇستىن مۇداپىئەلىنىش» باھانىسى بىلەن تېخىمۇ قاتتىق قامال قىلماقتا.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ 2-ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئىلى ۋىلايىتىدىكى خىتاي دائىرىلىرى ئاتالمىش «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەشتىكى تۇرلۇك تەدبىرلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۇرۇش» نامىدا غۇلجا تەۋەسىنى قاتتىق قامال قىلغان. قامال قىلىش تەدبىرى غۇلجىغا كىرگەنلەرنى ئەمەس، بەلكى غۇلجىدىن سىرتقا چىققان كىشىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

دائىرىلەر يېقىندا غۇلجىدىن ئايرىلىدىغان خەلقنى تۆمۈريول، ئايرودۇرۇم، تاشيول يولۇچىلار بېكىتى ۋە تاشيول تەكشۈرۈش ئېغىزلىرىدا بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەشنى، ھەم سىرتقا چىقماقچى بولغانلاردا 24 سائەت بۇرۇنقى ساغلاملىق تەكشۈرۈش ئىسپاتى، ساغلاملىق يېشىل كودى ۋە خەۋەرلىشىش چوڭ سانلىق مەلۇمات مۇساپە كارتىسى قاتارلىق رەسمىيەتلەرنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلغان.

ئۇندىن باشقا غۇلجىدىن ئايرىلغانلاردىن بارماقچى بولغان مەنزىلگە يېتىپ بارغاندىن كېيىنمۇ تەۋەلىكتىكى ئاتالمىش «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش» باھانىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقارغان قامال قىلىش تەدبىرلىرىگە ماسلىشىشى كېرەكلىكى تەلەپ قىلىنغان.







# خىتاي تۈرلۈك جازالارغا قارىماي دىۋىزىيەدىكى ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملىق ئاشۇرغان

شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقتا مۇھىم رول ئوينىغان دىۋىزىيەلەر ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تۈرلۈك جازاسىغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، خىتاينىڭ تۈرلۈك يۆلەش تەدبىرلىرى ئارقىسىدا ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى بۆلتۈرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 4.8% ئاشقان.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ 8-ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، ئالدىنقى يېرىم يىلدا شەرقىي تۈركىستاندىكى دىۋىزىيەلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 121 مىليارد 497 مىليون يۈەن بولۇپ، بۆلتۈرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 4.8% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 23 مىليارد 348 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بۆلتۈرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 8.3% ئاشقان.

خىتاينىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە يىغىۋېلىشنى كۈچەيتىش سىياسىتىگە ماس هالدا، ئالدىنقى يېرىم يىلدا دىۋىزىيەلەردىكى ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى تېخىمۇ تېزلىكتە ئاشۇرۇلغان بولۇپ، يازلىق ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 155 مىڭ 590 گېكتارغا يېتىپ، بۆلتۈرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 10.1% ئاشقان. ئۇندىن باشقا كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى بۆلتۈرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.2% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ياسىمىچىلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى بۆلتۈرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.6% ئاشقان.

ئەنگلىيە شېفىلد هالام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ هېلېنا كېنېدى خەلقئارا ئەدلىيە مەركىزى 26-ئىيۇل ئېلان قىلغان يېڭى دوكلاتىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى دىۋىزىيەلەرنىڭ مەجبۇرىي كۆچۈرۈش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، زومىگەرلىك بىلەن يەر-زېمىن ئىگىلىۋېلىش، خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش قاتارلىق جىنايەتلەر ئارقىلىق، خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش سىياسىتىدە مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەندى. مەلۇم بولۇشىچە، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندىكى دىۋىزىيەلەرنىڭ كونتروللۇقىدىكى شىركەتلەر 2900 غا يېقىنلىشىدىغان بولۇپ، دىۋىزىيەلەرگە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك چېتىلىدىغان شىركەت-كارخانا ۋە ئورگانلار پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا 862 مىڭدىن ئاشىدىكەن.



# خىتاينىڭ زور تۈركۈمدىكى يالغان خەۋەر تور بېكەتلىرى ئاشكارىلاندى

ئامېرىكىدىكى بىر تور بىخەتەرلىك شىركىتىنىڭ ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىسى خىتاي رېجىمىنىڭ 70 تىن ئارتۇق يالغان خەۋەر تور بېكەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، خەلقئارادىكى يالغان تەشۋىقاتىنى كۈچەيتكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ بەردى.

ئامېرىكىدىكى تور بىخەتەرلىك شىركىتى «ماندىيانت» ئالدىنقى ھەپتە يېڭى بىر تەتقىقات نەتىجىسىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، خىتاي رېجىمىنىڭ كەم دېگەندە 72 يالغان خەۋەر تور بېكىتى ياساپ چىققانلىقى، بۇ تور بېكەتلەرنىڭ 11 خىل تىلدا خىتاي رېجىمىنىڭ يالغان تەشۋىقات تارقىتىشقا ۋە ئامېرىكا باشلىق غەرب دۆلەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ماسلاشقانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

تەتقىقات نەتىجىسىدە قەيت قىلىنىشىچە، مەزكۇر تور بېكەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى باشقۇرغۇچىسى شاڭخەي خەيشۈن تېخنولوگىيە شىركىتى بولۇپ، خىتاي رېجىمىنىڭ يالغان ھېساب ۋە يالغان تور بېكەتلەر ئارقىلىق خەلقئارادىكى جامائەت پىكرىگە تەسىر كۆرسىتىش ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ يەنە بىر ئىسپاتى بولۇپ قالغان.

مەزكۇر تور بېكەتلەر ئاساسلىقى ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا مەركەزلەشكەندىن سىرت، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق، خوڭكوڭدىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى قاتارلىق كۈنتەرتىپتە تۇرۇۋاتقان مەسىلىلەردە كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇشقا ئۇرۇنغان. ئۇندىن باشقا ئۆيدۇرما ھۆججەت ئارقىلىق گېرمانىيەلىك تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنزغا تۆھمەت چاپلاش ھەرىكىتىمۇ بۇ ساختا تور بېكەتلەر ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

مەلۇم بولۇشىچە، تىۋىتتېر شىركىتى خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتقا چېتىشلىق ھېسابلارنىڭ تاقىۋېتىلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن، ئەمما بۇ ھەقتە تەپسىلىي مەلۇمات بەرمىگەن.



【俄语】Число погибших после взрыва газа в Ярославле увеличилось до трех

| 序号 | 媒体名称 | 媒体中文名称 | 发布链接 | 语言 |
|---|---|---|---|---|
| 1 | Российская информационная сеть | [illegible] | http://tech.austriaweekly.com/info/t-20082211051395020175.html | 俄语 |
| 2 | Российская экономика онлайн | [illegible] | http://hotels.toyotimes.com/info/t-20082211051395020175.html | 俄语 |
| 3 | Ежедневные новости России | [illegible] | http://hotels.lehuatimes.com/info/t-20082211051395020175.html | 俄语 |
| 4 | Eastern European Financial Times | [illegible] | http://hotels.eefinancedaily.com/info/t-20082211051395020175.html | 俄语 |
| 5 | Сеть новостей текущих событий | 时事新闻网 | http://hotels.unseenews.com/info/t-20082211051395020175.html | 俄语 |
| 6 | Российская Деловая Сеть | [illegible] | http://hotels.thefemaletimes.com/info/t-20082211051395020175.html | 俄语 |
| 7 | Ежедневные виды спорта | 每日体育网 | http://hotels.lumpurdaily.com/info/t-20082211051395020175.html | 俄语 |
| 8 | Москва сегодня | 今日莫斯科 | http://automobile.yasudaily.com/info/t-20082211051395020175.html | 俄语 |
| 9 | Сосредоточьтесь на России | [illegible] | http://automobile.trademarkdaily.com/info/t-20082211051395020175.html | 俄语 |
| 10 | Восточноевропейская сеть деловой информа | [illegible] | http://automobile.computersciencedaily.com/info/t-20082211051395020175 | 俄语 |
| 11 | Московская Торгово-промышленная палат | [illegible] | http://automobile.netbusinessdaily.com/info/t-20082211051395020175.html | 俄语 |
| 12 | Россия Экспресс | [illegible] | http://automobile.artdesigndaily.com/info/t-20082211051395020175.html | 俄语 |
| 13 | Российская технологическая сеть | [illegible] | http://automobile.netsbay.com/info/t-20082211051395020175.html | 俄语 |
| 14 | Санкт-Петербург Тех Экспресс | [illegible] | http://automobile.directortimes.com/info/t-20082211051395020175.html | 俄语 |
| 15 | Электронный бюллетень Москвы | [illegible] | http://automobile.frontlinedaily.com/info/t-20082211051395020175.html | 俄语 |
| 16 | Московские утренние новости | [illegible] | http://automobile.backingnews.com/info/t-20082211051395020175.html | 俄语 |
| 17 | Еженедельник российских новостей | [illegible] | http://hotels.russianews.com/info/t-20082211051395020175.html | 俄语 |
| 18 | Сеть новостей Санкт-Петербурга | [illegible] | http://hotels.hannapress.com/info/t-20082211051395020175.html | 俄语 |
| 19 | bchocoin.com | [illegible] | http://bchocoin.com/info/t-20082211051395020175.html | 俄语 |
| 20 | Российские интернет-новости | [illegible] | http://gcacompany.com/info/t-20082211051395020175.html | 俄语 |
| 21 | Россия форум | 俄罗斯论坛 | http://russiabbs.com/info/t-20082211051395020175.html | 俄语 |



# ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورگانلىرى ئاساسلىق خىزمىتىنى خىتايغا مەركەزلەشتۈرمەكتە

ئامېرىكا مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن بىر يىغىندا ئامېرىكا ئافغانىستاندىن چېكىنگەندىن كېيىن، خىراجەتلىرىنى، بايلىق مەنبەسىنى ۋە ئاساسلىق خىزمىتىنى خىتايغا مەركەزلەشتۈرۈشكە باشلىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، ئامېرىكا مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى داۋىد كوھېن يېقىندا مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەركىزىنىڭ بىر يېپىق يىغىنىدا سۆز قىلىپ، ئەلقائىدە قاتارلىق تەشكىلاتلارغا زەربە بېرىشنىڭ يەنىلا ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى، ئەمما مەزكۇر ئورۇننىڭ ئاساسلىق نىشانىنى خىتاينى تېخىمۇ ياخشى تونۇش ۋە تاقابىل تۇرۇشقا قارىتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.




خەۋەردە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈرگەندىن كېيىن، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەققىدە بارا-بارا ئاز توختىلىشقا، خىتاي بىلەن رۇسىيەنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي تەھدىتىنى كۆپلەپ تىلغا ئېلىشقا باشلىغان. ھەرقايسى ئىستىخبارات ئورگانلىرىمۇ ئادەم كۈچى ۋە بايلىق مەنبەسىنى قايتىدىن تەڭشەشكە باشلىغان بولۇپ، خىتاي مەسىلىسىگە مەسئۇل يۈزلىگەن خادىملارنى كۆپەيتكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە بۇرۇن مەخسۇس تېررورلۇققا قارشى خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن مۇتەخەسسىسلەرمۇ بار ئىكەن.

نۆۋەتتە ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىنى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتىن خىتايغا قارىتىۋاتقانلىقى كۆپلىگەن سابىق ئىستىخبارات ئەمەلدارلىرىنىڭ ۋە پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. ھەتتا بىر قىسىم ئەمەلدارلار بالدۇرلا مۇشۇنداق قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەشكەن.



# بايدېن خىتايغا قارشى غايەت زور سوممىلىق قانۇن ئىمزالىدى

ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېن يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ساھەسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، خىتايغا تېخىمۇ كۈچلۈك تاقابىل تۇرۇشنى نىشان قىلغان غايەت زور سوممىلىق قانۇن لايىھەسىگە رەسمىي ئىمزا قويۇپ، بۇ قانۇننى كۈچكە ئىگە قىلدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېن 9-ئاۋغۇست «ئۆزەك ۋە ئىلىم-پەن قانۇن لايىھەسى»گە ئىمزا قويغان بولۇپ، يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ساھەسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، سانائەت، تېخنولوگىيە ۋە ھەربىي ساھەدە خىتاي بىلەن تېخىمۇ كۈچلۈك رىقابەتلىشىشنى نىشان قىلغان مەزكۇر قانۇن رەسمىي كۈچكە ئىگە بولغان.

بۇ قانۇن لايىھەسى چېتىلىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 280 مىليارد دوللارغا يېتىدىغان بولۇپ، بايدېن بۇنى «دەۋر خاراكتېرلىك مەبلەغ سېلىش» دەپ سۈپەتلىگەن ۋە ئىمزا قويۇشتىن بۇرۇنقى باياناتىدا: «كەلگۈسىدىكى ئۆزەك سانائىتى ‹ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن› بولىدۇ» دېگەن. ئىمزا قويۇش مۇراسىمىغا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى قاتناشقاندىن سىرت، Intel، AMD قاتارلىق بىر قىسىم تېخنولوگىيە شىركەتلىرىنىڭ باش ئەمەلدارىمۇ ئىشتىراك قىلغان.

ئابىدە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ قارىلىۋاتقان مەزكۇر قانۇننىڭ تۈرغۈزۈلۈشىغا بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت كەتكەن بولۇپ، ئالدىنقى ئاينىڭ ئاخىرى ئىككى پالاتانىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتكەنىدى. بۇ قانۇن خىتايغا تاقابىل تۇرۇشتىكى بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش دەپ قارالغان بولۇپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن خىتاينىڭ گېئوپولىتىكىلىق خىرىسلىرىغا قارشى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيەلىك قوللاش ھېسابلىنىدىكەن.

مەلۇم بولۇشىچە،ئامېرىكىنىڭ ئۆزەك ساھەسىگە سالغان مەبلىغى ۋە قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئىزچىل تۆۋەنلەپ كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئامېرىكىنىڭ دۇنيا ئۆزەك ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1990-يىلىدىكى 40% تىن ھازىرقى 12% كە چۈشۈپ قالغان. نۆۋەتتە مەزكۇر قانۇننىڭ بۇ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.



# ئۈرۈمچى بەش كۈنلۈك قامال قىلىندى

بىر نەچچە كۈندىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار تېز سۈرئەتتە كۆپەيگەن بولۇپ، خىتاي دائىرىلىرى ئۈرۈمچىنىڭ ئاساسلىق رايونلىرىنىڭ 10-ئاۋغۇستتىن باشلاپ بەش كۈنلۈك قامال قىلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

خىتاي تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، 10-ئاۋغۇست 24 سائەت ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندا ئالامەتسىز يۇقۇملانغۇچىدىن 380 سى كۆپەيگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ 284 ى غۇلجا شەھىرىدە، قالغان بىمارلار ئۈرۈمچى، ئالتاي، قومۇل، تۇرپان، كورلا ۋە خوتەندە ئىكەن. بۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار 916 گە يەتكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالامەتسىز يۇقۇملانغۇچى بولۇپ، رەسمىي دىياگنوز قويۇلغانلار يوق ئىكەن.

يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ كۆپىيىشى سەۋەبلىك، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كونتروللۇق تېخىمۇ كۈچەيتىلگەن، جۈملىدىن ئۈرۈمچىدە 10-ئاۋغۇستتىن تارتىپ بەش كۈنلۈك قامال يولغا قويۇلغان. خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى يەرشارى ۋاقىت گېزىتىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تەڭرىتاغ، سايباغ قاتارلىق كۆپلىگەن مۇھىم رايونلىرىدا مەزكۇر قامال تەدبىرى ئىجرا قىلىنىدىغان بولۇپ، بارلىق ئىدارە-ئورگانلاردا، ئولتۇراق رايونلىرىدا بىرلا كىرىش-چىقىش ئېغىزى قالدۇرۇلىدىكەن، بارلىق ئاھالىلەرنىڭ ئۆيىدىن سىرتقا چىقىشى چەكلىنىدىكەن،

ۋىرۇسقا قارشى قاتتىق كونترول تەدبىرلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاھالىلەرنى ئەندىشىگە سالغان بولۇپ، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقالغان سىنلاردا شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا كۆكتات باھاسىنىڭ ئون ھەسسە ئۆسۈپ كەتكەنلىكى، كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن ئۆچىرەتتە تۇرۇپ يېمەكلىك، كۆكتات سېتىۋالغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

خىتاي رېجىمى ئىزچىل ھالدا ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» سىياسىتىنى تەكىتلەپ كەلگەن بولۇپ، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندىمۇ بۇ سىياسەت يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان. ئەسلىدىنلا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئاستىدا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يۇقۇمغا قارشى رادىكال تەدبىرلەر سەۋەبلىك تېخىمۇ ئېغىر باستۇرۇش، قاتتىق نازارەت ۋە ئىقتىسادىي بېسىمغا دۇچ كېلىشى ھەققىدىكى ئەندىشىلەر كۈچەيمەكتە.



# خىتاي يېڭى ئاق تاشلىق كىتابىدا بىر قىسىم ۋەدىلىرىدىن يېنىۋالدى

خىتاي رېجىمى 10-ئاۋغۇست تەيۋەن مەسىلىسىگە ئالاقىدار يېڭى ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلغان بولۇپ، ئالدىنقى قېتىمقى ئاق تاشلىق كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان تەيۋەننىڭ يۇكسەك ئاپتونومىيە هوقۇقىغا ئالاقىدار ۋەدىلىرىنى چىقىرىۋەتكەن.

خىتاي تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسى ۋە خىتاي ئاخبارات ئىشخانىسى چارشەنبە كۈنى «تەيۋەن مەسىلىسى ۋە يېڭى دەۋردىكى خىتاينى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشلىرى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلغان. ئەمما بۇ قېتىم بۇرۇنقى ئاق تاشلىق كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغان «بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، تەيۋەندە يۇكسەك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلىدۇ، خىتاي مەركىزىي هۆكۈمىتى تەيۋەندە ئارمىيە ۋە مەمۇرىي خادىملىرىنى تۇرغۇزمايدۇ» دېگەن مەزمۇنلارنىڭ چىقىرىۋېتىلىشى دىققەت قوزغىغان بولۇپ، بۇ خىتاي كوممۇنىست رېجىمىنىڭ تەيۋەننى قولغا كىرگۈزگەن تەقدىردىمۇ، تولۇق ئاپتونومىيە هوقۇقى بەرمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىكەن.

مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي رېجىمىنىڭ 1993-يىلى ۋە 2000-يىلى تەيۋەن هەققىدە ئېلان قىلغان ئاق تاشلىق كىتابلىرى يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. ئەمما خىتاينىڭ تەيۋەن بوغۇزىدىكى تەهدىت خاراكتېرلىك هەرىكەتلىرىنىڭ كۈچىيىشى ۋە نەنسى پېلوسىنىڭ زىيارىتىدىن كېيىن، تەيۋەن-خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ جىددىيلىشىشى ئارقىسىدا ئېلان قىلىنغان بۇ ئاق تاشلىق كىتابتا زور ئۆزگىرىش بولغان.

ئاق تاشلىق كىتابتا يەنە خىتاي رېجىمىنىڭ تەيۋەنگە قورال كۈچى ئىشلىتىشتىن ۋاز كەچمەيدىغانلىقى، تەيۋەننىڭ هاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان دېموكراتىك تەرەققىيات پارتىيەسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغانلىقى، تەيۋەن مۇستەقىلچىلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىدىغانلىقى هەققىدە جار سېلىنغان.

تەيۋەن هۆكۈمىتى شۇ كۈنى كەچتە بۇ توغرۇلۇق بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ هەربىي تەهدىتلىرىنى كۈچەيتىۋاتقان بىر پەيتتە يەنە بۇ ئاتالمىش ئاق تاشلىق كىتابنى ئېلان قىلغانلىقىنى، خەلقئارا قانۇنغا زىت مەزمۇنلارنى تىلغا ئالغانلىقىنى تەنقىد قىلىپ نارازىلىق بىلدۈرگەن.

خىتاي كوممۇنىست رېجىمى يىللاردىن بېرى تەيۋەننى قولغا كىرگۈزگەن تەقدىردە ئاتالمىش «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم» سىياسىتىنى يولغا قويىدىغانلىقى، تەيۋەننىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تۈزۈلمىسىنى ساقلاپ قالىدىغانلىقى هەققىدە جار سېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، تەيۋەن تەرەپ بۇنى رەت قىلماقتا ۋە تەيۋەننىڭ تەقدىرىنى تەيۋەنلىكلەرنىڭ ئۆزى بەلگىلەيدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كەلمەكتە.



# پېلوسىنىڭ تەيۋەن زىيارىتى باشقا دۆلەتلەرنىڭ زىيارىتىگە رەسمىي يول ئاچتى

نەنسى پېلوسىنىڭ پۈتۈن دۇنيادا غۇلغۇلا قوزغىغان تەيۋەن زىيارىتىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپلا، لىتۋانىيەنىڭ بىر مۇئاۋىن مىنىستىرىمۇ تەيۋەننى زىيارەت قىلغان بولۇپ، خىتاي دەرھال ئۇنىڭغا جازا يۈرگۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

لىتۋانىيە قاتناش ۋە ئالاقە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ئاگنې ۋايچۇكېۋىچۇتېنىڭ باشچىلىقىدىكى 11 كىشىلىك ھەيئەت 7-ئاۋغۇست تەيۋەنگە يېتىپ بارغان بولۇپ، بەش كۈنلۈك زىيارەتتە بولغان ۋە بۇ جەرياندا كۆپلىگەن شەھەرلەرنى زىيارەت قىلىپ، ئون نەچچە يىغىنغا قاتناشقان. ئۇنىڭ بۇ قېتىملىق زىيارىتى ئامېرىكا ئاۋام پالاتا رەئىسى نەنسى پېلوسىنىڭ تەيۋەن زىيارىتىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپلا ئەمەلگە ئاشقان.

بۇ زىيارەت خىتاي رىجىمىنى قاتتىق بىئارام قىلغان بولۇپ، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى 12-ئاۋغۇست ئورگان تور بېتىدە ئاگنې ۋايچۇكېۋىچۇتېغا جازا يۈرگۈزگەنلىكى ھەققىدە بايانات ئېلان قىلدى. خىتاي تەرەپ باياناتىدا لىتۋانىيەنىڭ مەزكۇر مۇئاۋىن مىنىستىرىنىڭ تەيۋەننى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىقىنى ۋە ئاتالمىش «بىر خىتاي سىياستى»گە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى دەۋا قىلدى، شۇنداقلا ۋايچۇكېۋىچۇتېغا جازا يۈرگۈزۈلگەنلىكىنى، لىتۋانىيە قاتناش ۋە ئالاقە مىنىستىرلىقى بىلەن بارلىق ھەمكارلىقنى توختاتقانلىقىنى ۋە لىتۋانىيە بىلەن خەلقئارالىق ترانسپورت ساھەسىدىكى ھەمكارلىقنىمۇ توختاتقانلىقىنى بىلدۈردى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى لىتۋانىيە بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز يىرىكلىشىپ ماڭغان بولۇپ، بۇلتۇر لىتۋانىيە ھۆكۈمىتى تەيۋەن ھۆكۈمىتىنىڭ لىتۋانىيەدە «تەيۋەن» نامى بىلەن ۋاكالەتخانا قۇرۇشىغا يول قويغانلىقى سەۋەبلىك، جىددىيچىلىك تېخىمۇ كۈچەيگەن. خىتاي كېيىن بۇنىڭغا قارشى تۈرلۈك ئىقتىسادىي ۋە دىپلوماتىك ۋاسىتىلەر ئارقىلىق لىتۋانىيەدىن ئۆچ ئالغان. ئۇندىن باشقا لىتۋانىيە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايىتىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ بېكىتكەن ۋە بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى دىپلوماتىك بايقۇت قىلغان ئاز ساندىكى دۆلەتلەر قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.



# خىتاي ۋىرۇس باھانىسى بىلەن
# شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئاچلىقتىن قىينىماقتا

خىتاي يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى ئاتالمىش «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش» باھانىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئۆيلىرىگە قامىغان بولۇپ، خەلق قىممەتچىلىك ۋە قاتتىق قامال سەۋەبلىك ئاچ قېلىپ، ئۆسۈملۈكلەرنى يېيىشكە مەجبۇر بولغان.

شەرقىي تۈركىستاندىن تارقالغان نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ھەققىدىكى سىنلار خىتاي خەۋەرلىرىنىڭ يالغانچىلىق بىلەن تولغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم پاكىتلىق ھالدا ئاشكارىلاپ بەرمەكتە. 15-ئاۋغۇست



فېيسبۇكتا تارقالغان بىر سىندا، خىتاينىڭ ئاتالمىش «ۋىرۇسنىڭ ئالدىنى ئېلىش» باھانىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئۆيلىرىگە نەزەربەند قىلىپ ئاچ قويغانلىقى، خەلقنىڭ قاتتىق قىينىلىۋاتقانلىقى ئاددىي سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بىر ئۇيغۇر ئايال ھويلىسىدىكى گۈللەرنى كۆرسىتىپ: «ۋىرۇس سەۋەبلىك كۆكتاتلىرىمىز تۈگەپ يېگۈدەك نەرسە قالمىدى. گۈلنىڭ يوپۇرماقلىرىدا تاماق ئەتسەم ئوخشارمۇ؟... ئەمدى مۇشۇ گۈللەرنىڭ يوپۇرمىقىنى يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالدۇق...» دېگەن.

خىتاينىڭ قامال قىلىپ قىيناش ۋاستىسىدىن ھەتتا بالىلارمۇ قۇتۇلالمىغان بولۇپ، دائىرىلەر ئۆيدىن سىرتقا چىققان بالىلارنى تۇتۇپ كەنت كومىتېتىغا ئاپىرىپ جازالىغان. خىتاي ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقالغان بىر سىندا ئاشكارىلىنىشىچە، 14-ئاۋغۇست ساقچىلار ئۆيىدىن سىرتقا چىققان بىر نەچچە ئۇيغۇر بالىنى تۇتۇپ، كەنت كومىتېتىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. كەنت كومىتېتتىكى قورچاق ئەمەلدارلار ئىككى بالىنىڭ بېشىغا

بىر تاختاينى قويۇپ، كەنت قورۇسىدا يۈگۈرتكۈزۈپ جازالىغان ۋە ئىجتىمائىي ئۈچۈر ۋاسىتىلىرىدا تارقىتىپ، باشقا باللارنىڭ ئۆيدىن چىقسا مۇشۇنداق جازالىنىدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سالغان.

ئۇندىن باشقا خىتاي خەۋەرلىرىدە كۆپلەپ تارقىلىۋاتقان: «مەھسۇلاتنىڭ تەمىناتى يېتەرلىك، باھاسى مۇقىم، تەمىناتقا كاپالەتلىك قىلىندى» دېگەن تەشۋىقاتلارنىڭ يالغان ئىكەنلىكى پاش بولۇۋاتقان بولۇپ، تورپاندىكى بىر ئۇيغۇر ئايال: «ھەي يۇقۇم! ھەي يۇقۇم! يۇقۇملۇق كېسەل نەدىن كەلگەنسەن؟ يۇقۇم سەۋەبلىك ھەممە نەرسىنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كېتىۋاتىدۇ. ئەمما ئۈزۈمنىڭ باھاسى ئۆرلىمىدى. بىر باغلام كۆدىنىڭ باھاسى توققۇز سومغا چىقتى. بىر كىلوگىرام ئۈزۈم بىر كىلوگىرام كۆدىنىڭ پۇلىغا يارىمىسا، ھەي خەلقىم! ھەي خەلقىم بۇنداقمۇ ئۆسەمدۇ بۇ كۆكتاتلارنىڭ باھاسى؟» دېگەن سۆزلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ نۆۋەتتە قانداق بېسىمغا ۋە خورلىنىشقا دۇچ كەلگەنلىكىنى ئېنىق يورۇتۇپ بەرمەكتە.




14-ئاۋغۇست ئىستانبۇلدا ئېچىلغان بىرىنچى قېتىملىق خەلقئارالىق ئائىلە تەربىيىسى يېتەكچىلىرى ۋە مەسلىھەت بېرىش مۇتەخەسسىسلىرى ئۇچرىشىشىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈلدى.

يىغىنغا مۇھەممەد ئەمىن ئۇيغۇرى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئەرەب ئىسلام دۇنياسى خەلق دىپلوماتىيە ئىشلىرى مەسئۇلى مۇھەممەد ئەمىن ئۇيغۇرى ئىشتىراك قىلدى. يىغىندا «خىتاينىڭ ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئائىلە كرىزىسى» تېمىسىدا سۆز قىلىپ، نۆۋەتتىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى، شۇنداقلا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان خەلقنىڭ ئائىلە مەھرەمىيىتىگە تاجاۋۇز قىلىش، ئاتالمىش «قوشماق تۇغقان» سىياسىتى نامىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ

ئائىلىسىگىچە مەجبۇرىي كىرىپ نازارەت قىلىش قاتارلىق جىنايەتلىرىنى تونۇشتۇردى.

شۇ كۈنى يەنە ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن ئەششەرق ياشلار ئۇچرىشىشى يىغىنىغا خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىدىن ئابدۇرېشىت ئەمىنھاجى، ئابدۇرازاق ئۇجات، نىزامىدىن تەمكىنى، ئۆلىمالار بىرلىكىدىن مەھمۇدجان داموللام، مۇھەممەد ئۆمەر قاراجىم، ياش سەنئەتكارلاردىن ئامىر قىلىچ، خەيرۇننىسا قىلىچ قاتارلىقلار قاتنىشىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈلدى ۋە سۈرەت كۆرگەزمىسى ئېچىلدى.




ئامېرىكا بىلەن شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلات ئارمىيەسى ئافغانىستاندىن چېكىنىپ چىقىپ، تالىبان ئافغانىستان ئىسلام ئەمىرلىكىنى قۇرغانلىقىغا دەل بىر يىل بولغان بولۇپ، ئافغانىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايوندا ئامېرىكىنىڭ ئورنىنى ئېلىش خام خىيالىدا بولغان خىتاي تالىباندىن كۈتكىنىگە ئېرىشەلمەي نارازىلىق ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تېڭىرقاپ قالغان.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 16-ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، خىتاينىڭ رايونغا سالغان ئىقتىسادىي مەبلىغى تالىبان تەرەپنىڭ تەلىپىدىن خېلىلا يىراق بولۇپ، خىتاي ئۇيغۇر قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئافغانىستاندا داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ كۈچەيگەنلىكىدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن.

ۋاشىنگتوندىكى ۋىلسون مەركىزى جەنۇبىي ئاسىيا ئىشلىرىنىڭ مۇئاۋىن مەسئۇلى، قوشۇمچە يۇقىرى دەرىجىلىك ياردەمچىسى مايكېل كۈگېلمانىنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي ئامېرىكا ئافغانىستاندىن قوشۇن چېكىندۈرگەندىن كېيىنكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، رايوندىكى مەۋجۇتلۇقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خام خىيالىدا بولغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ بۇ خام خىيالى ئەمەلگە ئاشمىغان.

كۈگمان بۇ ھەقتە: «خىتاينىڭ تالىبانلار ئافغانىستان ھاكىمىيىتىنى قولغا ئالغاندىن كېيىنكى ھەرىكەت ئۇسۇلى تالىبانلار ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئىلگىرىكى

ھەرىكەت ئۇسۇلىغا ئوخشايدۇ. خىتاي ئوخشاشلا ئەندىشە، خەتەر تۇيغۇسى ئىچىدە ئۆتتى» دېگەن.

كۆگمانىنىڭ قارىشىچە، ئەگەر تالىبانلار خىتاينىڭ تەلىپى بويىچە خىتايغا تەھدىت بولغان ئۇيغۇر قورالىلىق كۈچلىرىنى چەكلەشكە قاراپ قەدەم تاشلىغان بولسا، رايوندا زور ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ، خىتاينىڭ ئويلىغىنى بويىچە بولىدىكەن. ئەمما ھازىرغا قەدەر تالىبانلار خىتاينىڭ دېگىنىگە كەلمىگەن بولۇپ، خىتاينىڭ ئافغانىستاندىكى مەۋجۇتلۇقى چەكلىك ئىكەن ۋە مۇھىم ساھەلەرگە مەبلەغ سېلىشتىن ئەنسىرىگەن.

ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ ئالدىنقى ئايدا ئېلان قىلغان دوكلاتىدا ئېيتىلىشىچە، سۈرگۈندىكى ئۇيغۇر قوراللىق تەشكىلاتى تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى ئافغانىستاننىڭ شىمالى باغلان ئۆلكىسىدە ئاساسلىق بازىسىنى قايتا قۇرغان.

ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ دوكلاتىدا: «بۇ گۇرۇپپا ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش مەقسىتىدە، بەداخشاندىكى بىر قانچە ئورۇندا يېڭى بازا قۇرۇپ ھەرىكەت دائىرىسىنى كېڭەيتتى ھەمدە مەخپىي قورال سېتىۋالدى» دېيىلگەن.




ب د ت نىڭ مۇستەقىل تەكشۈرگۈچى مۇتەخەسسىسى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايى قىلمىشلىرى ھەققىدە دوكلات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنى مەجبۇرىي دېھقانچىلىق ۋە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا سېلىش قىلمىشىنى «ئىنسانىيەتكە قارشى قۇل ئەمگىكىگە سېلىش جىنايىتى بىلەن باراۋەر» دەپ يەكۈن چىقاردى.

مەزكۇر دوكلاتتا خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق نەچچە مىليون خەلقنى جازا لاگېرىغا قامىغانلىقى، خىتاينىڭ بۇ قىلمىشىنى ئامېرىكا قاتارلىق بىر قانچە دۆلەتنىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئاتىغانلىقى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خىتاي دائىرىلىرىنى ئۇيغۇرلارنى قانۇنسىز قولغا ئېلىش، خورلاش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قىلمىشلىرى سەۋەبلىك ئەيىبلىگەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ب د ت نىڭ زامانىۋى قۇللۇق مەسىلىسى بويىچە ئالاھىدە دوكلاتچىسى تومويا ئوبوكاتا 16-ئاۋغۇست ئېلان قىلغان بۇ دوكلاتتا ئاشكارىلىنىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندا مەجبۇرىي ئەمگەككە مۇناسىۋەتلىك ئىككى خىل ئوخشىمىغان كونترول قىلىش تۈزۈمى بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىرى ئاتالمىش «كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش مەركىزى»، يەنى جازا لاگېرلىرى بولۇپ، بۇ يەردە ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەر سەۋەبسىز تۇتۇپ تۇرۇلىدىكەن. يەنە بىرى ئاتالمىش «ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش» ۋە «يېزا ئېشىنچا ئەمگەكچىلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» نامىدا ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنى خىتاي ئۆلكىلىرى ۋە باشقا رايونلارغا سۆرگۈن قىلىدىكەن.

ئالاھىدە تەكشۈرگۈچى دوكلاتتا: «خىتاينىڭ زورلاش، باستۇرۇشتىن ئىبارەت زوراۋان سىياسىتىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىغان مەھەللىلەردە كىشىلەر مەجبۇرىي ئەمگەككە، قۇللۇق ئەمگىكىگە سېلىنغانلىقىنى كۆرستىدىغان دەلىللەر بار» دېگەن.

دوكلاتتا ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاينىڭ ئەمگەكچىلەرگە قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان قاتتىق نازارەت قىلىش، خورلاش، ھاقارەتلەنگەن تۇرمۇش ۋە خىزمەت شارائىتىغا مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئالغان بۇ زوراۋان سىياسىتى قۇللۇق تۈزۈم خاراكتېرىنى ئالغان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت بىلەن باراۋەر بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. بۇ خىل مەسىلىلەر تېخمۇ ئىچكىرىلەپ مۇستەقىل تەكشۈرۈشكە ئەرزىيدىكەن.




ئامېرىكىنىڭ بىر تور بىخەتەرلىك شىركىتىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، خىتاي رىجىمىغا چېتىشلىق خاككېرلار گۇرۇپپىسى يېقىنقى ئۈچ يىلدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، ئەقىل ئامبىرى، ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە دۆلەت ھالقىغان ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى نىشانلاپ كەلگەن.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ماسساچۇسېتس ئىشتاتىغا جايلاشقان تور بىخەتەرلىك شىركىتى «Recorded Future» 16-ئاۋغۇست دوكلات ئېلان قىلىپ، «قىزىل ئالفا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خاككېرلار گۇرۇپپىسىنىڭ يېقىنقى ئۈچ يىلدا نىشانلىق ھالدا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ۋە ئورگانلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ئاشكارىلىغان. دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، خاككېرلار تەشكىلاتى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق بىرلەشمىسى، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى،

خىتاي تەتقىقات ئىنستىتۇتى ۋە دۇنيادىكى باشقا ئەقىل ئامبىرى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك تەشكىلاتلىرىنى نىشانلىغان.

دوكلاتتا: «قىزىل ئالفا بەلكىم خىتاي ئۈچۈن تور جاسۇسلۇقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شەخسىي ھۆددىگەر بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى بۇ گۇرۇپپىنىڭ ئىسپات ئوغرىلاش نىشانى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەتى بىلەن بىردەك» دېيىلگەن.

تەيۋەن بوغۇزى ۋەزىيىتىنىڭ جىددىي بولۇشى بىلەن ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، خاككېرلار گۇرۇپپىسى يېقىنقى بىر قانچە يىلدا تەيۋەندىكى ئامېرىكا ئىنستىتۇتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەيۋەن ئورگانلىرىغا ئالاھىدە كۆز تىككەن. تەيۋەن دېموكراتىك پارتىيەسى ۋە دۆلەت مۇداپىئە بىخەتەرلىك تەتقىقات ئورنى ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى خاككېرلار گۇرۇپپىسىنىڭ نىشانىغا ئايلانغان.

دوكلاتتا ئىلگىرى سۈرۈلۈشىچە، خاككېرلار گۇرۇپپىسىنىڭ يەنە بىرازىلىيە، ۋېيېتنام ۋە پورتۇگالىيەنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى، شۇنداقلا ھىندىستان دۆلەتلىك ئۇچۇر مەركىزىگە ئوغرىلىق مەقسىتىدە ھۇجۇم قىلغانلىقى بايقالغان. «قىزىل ئالفا» كەم دېگەندە 2015-يىلدىن بېرى جانلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، كانادا تورونتو ئۇنىۋېرسىتېتى خەلق تەجرىبىخانىسى 2018-يىلى تىبەتلەر تورىنى نىشان قىلغان خاككېرلار گۇرۇپپىسىنىڭ تور ھەرىكىتىنى تۇنجى قېتىم ئاشكارىلىغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ گۇرۇپپىنىڭ تىبەت جەمئىيىتىنى نىشان قىلغان ئىككى قېتىملىق تور ھۇجۇمى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈلگەن.

ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ كۆرسىتىشىچە، «قىزىل ئالفا» تور ھۇجۇمى قىلغاندا يەنىلا ئوخشاش تاكتىكىلارنى ئىشلىتىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى ئېنىق ئەمەس ئىكەن. ئەمما دوكلاتتا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇر، تىبەت ۋە باشقا مىللەتلەرگە قاراتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ۋە ئاجىز گۇرۇپپىلارنى نىشانلاش قىلمىشىنىڭ كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

## تەشكىلاتلار بىرلىكى «خەلقئارا ئۇيغۇر مۇنبىرى»نىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى ئىشلىمەكتە

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ۋە بىرلىكنىڭ باش كاتىپى ئابدۇرېشىت ئەمىنھاجى 11-ئايدا بىرىيۇسسېلدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان «خەلقئارا ئۇيغۇر مۇنبىرى» يىغىنى ئۈچۈن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

ئۇلار تەييارلىق ئۈچۈن قىلىنغان سەپەرنىڭ تۇنجى كۈنىدە گوللاندىيەدە پائالىيەت قىلىۋاتقان ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋەقفىنىڭ باشقۇرغۇچى ھەيئەت ئەزالىرى ۋە گوللاندىيە شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار ئىتتىپاقى رەئىسى بىلەن كۆرۈشتى. كۆرۈشۈش جەريانىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ كېلەچىكىگە مۇناسىۋەتلىك تېمىلار ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، پىكىر ئالماشتۇردى ھەمدە مۇھىم مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

بۇ ھەقتە زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغان ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ئەپەندى «خەلقئارا ئۇيغۇر مۇنبىرى» يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، بۇ قېتىملىق تەييارلىق پائالىيىتىنىڭ ئۈچ كۈن



داۋاملىشىدىغانلىقىنى، بىرىنچى كۈنى گوللاندىيەدىكى تەشكىلات رەھبەرلىرى بىلەن تەييارلىق خىزمىتى ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرغانلىقىنى، نۆۋەتتە گوللاندىيەدىن قايتىپ بېلگىيەدە مۇنبەرگە قاتناشقۇچىلار تۇرماقچى بولغان ياتاق ۋە باشقا ئەھۋاللارنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئۈچىنچى كۈنى مۇنبەر تەشكىللىمەكچى بولغان ئۈچ چوڭ تەشكىلات بىلەن بىرلىكتە مۇنبەرنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەققىدىكى مەسىلىلەرنى تەپسىلىي مۇزاكىرە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بىلدۈرۈلۈشىچە، «خەلقئارا ئۇيغۇر مۇنبىرى» نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ياۋروپا پارلامېنتىدىكى بىر قىسىم سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ ساھىبخانلىقىدا ياۋروپا پارلامېنتى زالىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، يىغىن زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەن. بۇ يىغىنغا خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، مەخسۇس ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىدىغان ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇتقۇچىلىرى، سىياسىيونلار، قانۇنشۇناسلار، ئادۋوكاتلار ۋە ئۇيغۇر جامائەت ئەربابلىرى تەكلىپ قىلىنىدىكەن. مۇنبەردە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى توختىتىش يولىدىكى كونكرېت چارە-تەدبىرلەر مۇزاكىرە قىلىنىدىكەن.



# ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى خىتاي ئەمەلدارنىڭ يالغانچىلىقىنى ئاشكارىلاپ قويدى

ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقىلىۋاتقان ئاتالمىش «يەسلى» نامىدا تەشۋىق قىلىنىۋاتقان باللار لاگېرىدىكى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىگە ئالاقىدار سىنلار خىتاي رېجىمىنىڭ ساختا تەشۋىقاتلىرىنى پاش قىلماقتا.

19-ئاۋغۇست خىتاي تەشۋىقات مىنىستىرلىقى تەشكىللىگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، بىرلەشمە خەۋەر ئاگېنتلىقى مۇخبىرى خىتاي مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋيۇڭدىن شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل-يېزىقىنى ئىشلىتىشى چەكلەنگەنلىكى ھەققىدە سوئال سورىغان. جاۋيۇڭ قېلىپلاشقان يالغان سۆزلەر بىلەن جاۋاب بېرىپ، خىتاينىڭ ئاتالمىش

«ئاساسىي قانۇنى» نى مىسال كەلتۈرگەن ۋە: «خىتاي قانۇنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي يېزىق ۋە تىلىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ» دەپ بىلجىرلىغان.

ھالبۇكى خىتاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى چوڭلارنىڭ نورمال ئىجتىمائىي ئالاقىلىرىدا ئۇيغۇرچە سۆزلىشىنى چەكلىگەندىن سىرت، ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى ئاتالمىش «پەرىشتىلەر باغچىسى» دېگەندەك چىرايلىق ناملاردا پەردازلانغان باللار لاگېرىغا سولاپ، ئاتا-ئانىسىدىن، ئۇيغۇر مەدەنىيەت مۇھىتىدىن ئايرىپ، ئۇيغۇرچە سۆزلەشتىنمۇ چەكلەپ خىتايلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلەتمەكتە.

خىتاينىڭ يالغانچىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان سىنلار ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا كۆپلەپ تارقىلىۋاتقان بولۇپ، خىتاي ئەمەلدارى يالغانچىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان مۇھىم ئىسپات بولۇپ كەلمەكتە. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر سىندا تۆت-بەش ياش ئەتراپىدىكى بىر قىزنىڭ ئاچىسىدىن تورداشلار ئۆكىسىنىڭ يەسلىسىدە ئۇيغۇرچە سۆزلىشىگە رۇخسەت قىلىدىغان-قىلمايدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ: «چەكلىنىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

يەنە بىر سىنمۇ ئىلگىرى كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر خىتاي مۇخبىر مەلۇم يەسلىدىكى بەش ياش ئەتراپىدىكى سەبىرە ئىسىملىك قىزدىن ئاكىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمىنى دەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولۇپ، قىز ئۇيغۇرچە سۆزلەشنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى ئېيتىپ: «ئاكامنىڭ ئىسمىنى ئۇيغۇرچە دېسەم سىلەر مېنى تىللىساڭلار، ئۇرساڭلار قانداق قىلىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلار قىزدىن يەنە: «ئوقۇتقۇچىڭىز سىزدىن سورىغان تۇرسا، قانداق بولۇپ سىزنى ئۇرسۇن؟ ئوقۇتقۇچى سىزدىن سوراۋاتىدىغۇ؟» دەپ چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، ئاكىسىنىڭ ئىسمىنى ئۇيغۇرچە دېمىگەن قىز ئاخىرى يەسلىدە ئۇيغۇرچە سۆزلەشنىڭ چەكلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقاندى.

مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي دائىرىلىرى 2020-يىلى ئاتالمىش «باللار يەسلىلىرى»نىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈنلا بىر مىليارد 200 مىليون يۈەن سەرپ قىلغان بولۇپ، يالغۇز قاغىلىق ناھىيەسىدىكى 4-نومۇرلۇق «ياتاقلىق مەكتەپ»كىلا 2020-يىلى 4-ئايدا 2000 دىن ئارتۇق ئۆسمۈر ئېلىپ كېلىنگەن. شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشى بىلەن بىرگە، باللار لاگېرىنىڭمۇ زور كۆلەمدە كېڭىيىشى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئەندىشىسىنى قوزغىماقتا.

# 5-نۆۋەتلىك «ھۆررا لوڭقىسى» پۇتبول مۇسابىقىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى

شەرقىي تۈركىستان تەنتەربىيە ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان، 6-ئاۋغۇست باشلانغان 5-نۆۋەتلىك ھۆررا لوڭقىسى پۇتبول مۇسابىقىسى 16 كوماندا ۋە 200 دىن ئارتۇق ماھىرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى.

ئىككى ھەپتە داۋاملاشقان بۇ نۆۋەتلىك ھۆررا لوڭقىسى پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ ئاخىرقى كۈندىكى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە كىشىنى ناھايىتى ھاياجانلاندۇردى. نەتىجىدە ئوقۇ ئۇيغۇر كوماندىسى چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى، ئۇدۇن كوماندىسى ئىككىنچى، ئەينەك كوماندىسى ئۈچىنچى بولدى.

بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن كوماندىغا ھۆررا




لوڭقىسى، مېدال ۋە 5000 لىرا مۇكاپات بېرىلدى. سوۋغاتنى شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى باش كاتىپى ئابدۇلئەھەد ئابدۇراخمان ئەپەندى تەقدىم قىلدى. ئىككىنچى بولغان كوماندىغا ھۆررا لوڭقىسى، مېدال ۋە 3000 لىرا مۇكاپات بېرىلدى. ئۇلارنىڭ سوۋغىتىنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەقفىنىڭ رەئىسى ئابدۇرېشىت ئابدۇلھەمىد تەقدىم قىلدى. ئۈچىنچىلىككە ئېرىشكەن كوماندىغا ھۆررا لوڭقىسى، مېدال ۋە 2000 لىرا مۇكاپات بېرىلدى. سوۋغاتنى شەرقىي تۈركىستان تەنتەربىيە ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى تاھىر كۆكبايراق تەقدىم قىلدى.

بۇ يىللىق مۇسابىقىنىڭ مۇنەۋۋەر توپچىسى ئوقۇ ئۇيغۇر كوماندىسىنىڭ باشلىقى بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئوقۇ ئۇيغۇر ۋەقفىنىڭ رەئىسى ھەبىبۇللاھ كۈسەنى تەقدىم قىلدى.

بۇ يىلنىڭ مۇنەۋۋەر ۋاراتارى ئەينەك كوماندىسىنىڭ ۋاراتارى بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى شەرقىي تۈركىستان تەنتەربىيە ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەبۇبەكرى ئىدىقۇت تەقدىم قىلدى.

شەرقىي تۈركىستانلىق ياشلارنى ھەرخىل تەنتەربىيە ساھەلىرىدە تەربىيەلەش ۋە مەشىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن جاپالىق ئىشلىگەن خالىد ئاتامان ۋە ئۇنىڭ ئەترىتىگە شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى مۇئاۋىن رەئىسى مۇساجان ئەر ۋە شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل ھەرىكىتى رەئىسى ئابدۇسالام تەكلىماكان ئەپەندىلەر سوۋغات تەقدىم قىلدى.

شەرقىي تۈركىستان تەنتەربىيە ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتى پائالىيەت ئاخىرىدا 5-نۆۋەتلىك ھۆررا لوڭقىسى پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلىششىغا ماددىي-مەنىۋى جەھەتتىن ھەسسە قوشقان خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەقفى، نۇزۇگۇم كۈلتۈر ۋە ئائىلە جەمئىيىتى، شەرقىي تۈركىستان تىجارەتچىلەر جەمئىيىتى ۋە بارلىق ئىسمىنى ئاشكارىلىمىغان شەخسلەرگە رەھمەت ئېيتتى.



# ئىلتەرىش قاغاننىڭ قەبرىسى ۋە مەڭگۈ تېشى تېپىلدى

مەركىزى قازاقىستانغا جايلاشقان خەلقئارالىق تۈرك ئاكادېمىيەسى بىلەن موڭغۇلىيە ئارخېئولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئۆتتۈكەن رايونىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلىرى نەتىجىسىدە، كۆلتېگىن ۋە بىلگە قاغاننىڭ ئاتىسى ئىلتەرىش قۇتلۇق قاغاننىڭ قەبرىسى ۋە ئۇنىڭ نامىغا پۈتۈلگەن مەڭگۈتاش تېپىلدى.

قازاقىستاندىكى خەلقئارالىق تۈركىي خەلقلەر ئاكادېمىيەسى رەئىسى پروفېسسور دوكتور تارخان خىزىرئەلى 23-ئاۋغۇست بۇ خەۋەرنى جاكارلىغان بولۇپ، مەڭگۈتاشلاردىكى خەتلەرنىڭ تۈركچە (ئورخۇن يېزىقى) ۋە سوغدىچە ئىكەنلىكىنى، ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشقا ئالاقىدار تەپسىلاتلارنىڭ ئۇلانباتوردا ئۇيۇشتۇرۇلۇشى پىلانلانغان ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا ئۇقتۇرۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇ خەۋەر قازاقىستان تاراتقۇلىرىدا «ئۆتتۈكەن رايونىدا ئاجايىپ يېڭىلىق» دەپ ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئارخېئولوگىيەلىك ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۆتتۈكەننىڭ نومغون ۋادىسىدا كۆلتېگىن ۋە بىلگە قاغاننىڭ ئاتىسى، تۈرك قاغانلىقىنى قايتا تىكلىگەن ئۇلۇغ ئىلتەرىش قۇتلۇق قاغاننىڭ قەبرىسىنى تاپقانلىقىنى، ھەشەمەتلىك قەبرىدە تېپىلغان مەڭگۈتاشتا تۈرك تارىخىنى بېيىتىدىغان ئورخۇن ۋە سوغدى يېزىقلىرىدا پۈتۈكلەر بارلىقى بىلدۈرۈلدى. باشقا يېڭىلىقلار بولسا ئۇلانباتور ئاخبارات ئېلان قىلىش مەركىزىدە ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان يىغىندا ئاشكارىلىنىدىكەن.

ئىلتەرىش قۇتلۇق قاغاننىڭ ئەسلى ئىسمى ئاشنا قۇتلۇق بولۇپ، ئىلتەرىش ئۇنىڭ ئۇنۋانى، يەنى «چېچىلىپ كەتكەن ئەلنى توپلىغان قۇتلۇق قاغان» دېگەن مەنىدە. ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئېتمىش بەگ بولۇپ، كۆكتۈرك دۆلىتىنى قۇرغان قاغان جەمەتىدىن. ئىلتەرىش قۇتلۇق قاغان 681-يىلى تاڭ سۇلالىسىغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، 17 كىشى بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تەختىنى قايتا تىكلەپ، ئەللىك يىلدىن بۇيان باشسىز قالغان، پىتراپ كەتكەن تۈرك خەلقىنى يىغقان ۋە ھۆكۈمدار تەختىگە ئولتۇرغان. بەزى تارىخچىلار ئۇ قۇرغان دۆلەتنى «قۇتلۇق دۆلىتى» دەپمۇ ئاتاشقان.




ئامېرىكا خىتاينىڭ يەنە يەتتە ئورگىنىنى ئېكسپورتنى كونترول قىلىش تىزىملىكىگە كىرگۈزدى.

ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقى 23-ئاۋغۇست ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، خىتاينىڭ يەتتە ئورگىنىنى ئېكسپورتنى كونترول قىلىش تىزىملىكىگە كىرگۈزىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاۋىياتسىيە-ئالەم قاتنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار ئىكەن.

ب ب س نىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، جازالاش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن خىتاينىڭ يەتتە ئورگىنى خىتاي ئاۋىياتسىيە ئالەم قاتنىشى پەن-تېخنىكا شىركىتى توققۇزىنچى تەتقىقات ئىدارىسىنىڭ 771-، 772-تەتقىقات ئورنى، خىتاي ئالەم قاتنىشى ئىدارىسىنىڭ 502-تەتقىقات ئورنى، خىتاي ئالەم قاتنىشى تېخنىكا ئىنستىتۇتىنىڭ 513-تەتقىقات ئورنى، خىتاي ئېلېكترونلۇق تېخنىكا گۇرۇھى شىركىتى 43-تەتقىقات ئىنستىتۇتى، خىتاي ئېلېكترون تېخنىكا گۇرۇھى 58-تەتقىقات ئورنى ۋە جۇڭخەي ئوربىتا ئاۋىياتسىيە ئالەم قاتنىشى تېخنىكا چەكلىك شىركىتى ئىكەن.

ئۇقتۇرۇشتا بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاينىڭ مەزكۇر يەتتە ئورگىنى خىتاينىڭ ھەربىي جەھەتتە زامانىۋىلىشىش ھەرىكىتىنى قوللاش ئۈچۈن، ئامېرىكا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە تاشقى سىياسەت مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزگەنلىكى سەۋەبلىك جازالاش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن.

ئامېرىكا مۇئاۋىن سودا مىنىستىرى ئالان ئېستېۋېز: «ئامېرىكا ئالەم قاتنىشى ۋە ئالەم قاتنىشى پائالىيىتىنى قوللايدىغان تېخنىكا خىتاينىڭ ھەربىي ساھەدە زامانىۋىلىشىش ھەرىكىتىنى قوللاشقا ئىشلىتىلمەسلىكى كېرەك. بىز تېخنىكا يۆتكەشنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە بۇ ئورگانلارنى نازارەت قىلىپ كېلىۋاتىمىز. سانائەت ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسى ھوشيارلىقنى ساقلاپ، زۆرۈر تېپىلغاندا كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ،

سەزگۈر تېخنىكىمىزنى قوغدىشىنى تەلەپ قىلىدۇ» دېگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، ھازىرغىچە خىتاينىڭ 600 گە يېقىن ئورگىنى ئامېرىكىنىڭ جازالاش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بايدېن ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن بۇيان 110 دىن ئارتۇق خىتاي ئورگىنى جازالاش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن.




ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى خىتاينىڭ تور دۇنياسىنى كونترول قىلىش ۋاستىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە دۇنيا مىقياسىدا سۆزلەش ھوقۇقىنى كونترول قىلىۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى 24-ئاۋغۇست دوكلات ئېلان قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى خىتاينىڭ قاتتىق دىپلوماتىيە ئۇسۇلىدىن، چەت ئەلدىكى خۇسۇسىي تاراتقۇلار ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، تور دۇنياسىنى كونترول قىلىپ، خەلقئارادا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدىكى جامائەت پىكرى ۋە سۆزلەش ھوقۇقىنى كونترول قىلىۋاتقانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرغان.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ يەرشارى ئالاقە مەركىزى 24-ئاۋغۇست خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدا دۇنيا جامائەت پىكرىنى كونترول قىلىش ئۇرۇنۇشلىرى ھەققىدە دوكلات ئېلان قىلغان.

دوكلاتتا خىتاينىڭ خەلقئارادا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدە سۆز قىلىش ھوقۇقىنى كونترول قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت ئەزالىرىغا قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەر ھەققىدە دوكلات تەييارلىغان مۇستەقىل ئاخبارات ۋاستىلىرىغا تۆھمەت چاپلىغانلىقى تەنقىدلەنگەن.

دوكلاتتا يەنە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە توقۇلما سۆز ۋە ھېكايىلەرنى ياساپ تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلار باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى تەنقىد قىلغان كىشىلەرنى بېسىقتۇرماقچى بولغانلىقى، ئۇلارنى چەتكە قېقىپ يالغانلىقى، ئامېرىكا، تاشقى ئىشلار پائالىيەت مەركىزىنىڭ يېقىندا خىتاي ۋە رۇسىيە دائىرىلىرى قوللىغان يالغان تەشۋىقات ئۇچۇرلىرىنى ئاشكارىلاش سالمىقىنى كۈچەيتكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن.

دوكلاتتا ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاينىڭ ئۇچۇر تەشۋىقات ئىستراتېگىيەسى زور مىقداردىكى تور مەزمۇنلىرى ئارقىلىق خەلقئارا ئۇچۇر مۇھىتىنى كونترول قىلىپ، خىتاينىڭ مەقسىتىگە زىت مەزمۇنلارنى زىيارەت قىلىشنى چەكلىگەن. خىتاي سىياستىنى قوللايدىغان يالغان ئوبرازلارنى ياساپ چىقىپ، خىتاينى تەنقىدلەيدىغان تەنقىدچىلەرنى بېسىپ چۈشمەكچى بولغان. خىتاي ئۇچۇر تارقاتقۇچىلىرى مۆرەككەپ سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن ياساپ چىققان رەسىملەرنى ئىشلىتىپ، ساختا ئۇچۇرلار ئارقىلىق ھەقىقەتنى ساختا قىلىپ كۆرسىتىشكە ھەرىكەت قىلغاندىن باشقا، رەقەملىك دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇش ۋە تور ھۇجۇمى ئارقىلىق خىتايغا قارشى پىكىرلەرنى باستۇرغان.

دوكلاتتا يەنە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش، ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان بىر قىسىم رەزىل ۋاسىتىلىرى كۆرسىتىلگەن. خىتاي قوللانغان رەزىل ۋاسىتىلەر بولسا: بىرىنچىسى خىتاينى تەنقىدلەيدىغان سۆزلەرنى بېسىش، ئىككىنچىسى خىتاينى قوللايدىغان يالغان ئوبرازلارنى ياساپ چىقىش بولۇپ، 2021-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خىتاينى قوللايدىغان 300 دىن ئارتۇق ساختا ھېسابات ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ھەققىدە مىڭلىغان سىنلارنى ئېلان قىلغان. ئۈچىنچىسى بولسا سۈنئىي ئىدراك ئارقىلىق ساختا رەسىم ياساپ خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداش، تۆتىنچىسى دۆلەت ھالقىغان باشقا پىكىرلارنى باستۇرۇش، بەشىنچىسى تەشۋىقاتنى مۇھىم نۇقتا قىلىش، ئالتىنچىسى مۇستەقىل تاراتقۇلارنىڭ تەنقىدىگە يالغان بايانلار بىلەن رەددىيە بېرىش، يەتتىنچىسى توقۇلما ھېكايىلەرنى ياساپ تەشۋىق قىلىپ، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرى توغرىسىدىكى ئەيىبلەشلەرنى رەت قىلىش، سەككىزىنچىسى ئاتالمىش «ھەر مىللەت باراۋەر» سەپسەتىسىنى ئىشلىتىپ تەنقىدتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش قاتارلىقلار ئىكەن.

دوكلاتتا تەكىتلىنىشىچە، خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتلىرى ئارقىلىق خەلقئارانىڭ دىققىتىنى بۇراش ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇنۇشلىرىغا قارىماي، مۇستەقىل ئاخبارات ۋاستىلىرى، ئاكادېمىكلار ۋە كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى كۆپ قېتىم گۇۋاھچىلارنىڭ ئىسپاتى ۋە دەلىل-ئىسپاتلارنى ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا مىليونلىغان ئادەمنى سەۋەبسىز تۈرمىگە تاشلىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان ھەمدە تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىدا خىتاينىڭ قىيناش، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش ۋە باشقا ۋەھشىي قىلمىشلىرىنى ئىشەنچلىك پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ چىققان.

# مۇستافا شەنتوپ ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى




تۈركىيە پارلامېنتى رەئىسى مۇستافا شەنتوپ خىتاي قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى لى جاڭشۇ بىلەن ئۆتكۈزگەن سىنلىق يىغىنىدا ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

سىتار تورىنىڭ 24-ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، تۈركىيە پارلامېنتى رەئىسى مۇستافا شەنتوپ پارلامېنتلار ئارا قەرەللىك سۆھبەتلىشىش ۋە ئۆزئارا زىيارەتنى كۆپەيتىش ئارقىلىق ئىككى تەرەپلىك مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئۇ سۆزىدە: «بىز خىتاي بىلەن بولغان ئىككى تەرەپلىك سودىمىزنى تېخىمۇ تەڭپۇڭ ۋە سىجىل هالدا داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. خىتاينىڭ تۈركىيەگە سالغان مەبلىغىنىڭ ئېشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېگەن.

مۇستافا شەنتوپ سىنلىق يىغىندا يەنە ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ تۈركىيە ئۈچۈن مۇھىم ئورنى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ: «بىزنىڭ ئۇيغۇر تۈركلىرى بىلەن مىللىي، دىنىي ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىمىز بار. تۈركىيەنىڭ بۇ مەسىلىدىكى مەيدانى ئېنىق، سەمىمىي ۋە ئەخلاقىي ئۇيغۇن. باشقا دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئىرقداش ۋە قېرىنداش مىللەتلەرنى ئۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان چۈشەنچىمىز يوق. بىز بۇ كىشىلەرنى ئۆز دۆلىتى بىلەن دۆلىتىمىز ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك، ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ پۇرسىتى دەپ قارايمىز، بىز سىياسىتىمىزنى بۇ يولدا داۋاملاشتۇرىمىز. بىز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دۆلەتتە كىشىلىك ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى كاپالەتكە ئىگە بولغان بىر مۇھىتتا گۈللىنىش ئىچىدە خاتىرجەم ياشىشىنى، ئۆز دۆلىتىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر پۇقراسى بولۇش سۈپىتىدە ياشاۋاتقان دۆلەتلىرىگە تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېگەن.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى تۈركىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 47 دۆلەت خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا قىلىۋاتقان زوراۋان قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىگەن، ب د ت نى شەرقىي تۈركىستانغا دەرھال مۇستەقىل كۆزەتكۈچىلەرنى ئەۋەتىپ تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلغان ھەمدە خىتاينى ب د ت تەكشۈرگۈچىلىرىنىڭ رايوننى زىيارەت قىلىشىغا يول قويۇشقا چاقىرغانىدى.



# تەشكىلاتلار بىرلىكى خىتاينىڭ قامال سىياسىتىگە قارشى بايانات ئېلان قىلدى

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى خىتاينىڭ يېقىندىن بېرى ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» باھانىسى بىلەن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئۆيلىرىگە قاماپ، رەھىمسىزلەرچە قىيناش قىلمىشلىرىغا قارشى نارازىلىق باياناتى ئېلان قىلدى.

25-ئاۋغۇست ئېلان قىلىنغان باياناتتا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا باشلانغان خىتاي ۋىرۇسى يۇقۇمىنىڭ چەت ئەلدىن كىرگەنلىكىنى دەۋا قىلغانلىقى، ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستاندا تارقالغان خىتاي ۋىرۇسىنى خىتاي ئۆلكىلىرىدىن شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈپ كەلگەن خىتاي ئاققۇنلىرىنىڭ ئېلىپ كەلگەنلىكى، خىتاي يولغا قويغان ئىشكىلەرنى تاقاپ رەھىمسىزلەرچە قامال قىلىش قىلمىشىنىڭ خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى پرىنسىپلىرىغا قارشى ھەرىكەت ئىكەنلىكى، بولۇپمۇ غۇلجىدا يولغا قويغان قامالدا خەلقنىڭ ئاچلىقتا قاتتىق قىينالغانلىقى، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئېلىشىغىمۇ رۇخسەت قىلىنمىغانلىقى، خىتاي ئايرىم تېببىي جەھەتتىن كۆزىتىش نامىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى لاگېرسىمان ئورۇنلارغا قامىغانلىقى قاتارلىق نۇقتىلار قەيت قىلىندى.

باياناتنىڭ ئاخىرىدا خىتاي تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ نۆۋەتتە ئاتالمىش «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش» باھانىسى بىلەن ئەقەللىي ئىنسانىي ھوقۇقلىرىنىڭمۇ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقى تەكىتلىنىش بىلەن بىرگە، ب ت د كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش، كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندە قىلىش قاتارلىق جىنايەتلىرىنى چەكلەش ئۈچۈن ھەرىكەتكە كېلىشكە چاقىرىلدى.



# شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قامال داۋاملاشماقتا

شەرقىي تۈركىستاندا 28-ئاۋغۇست بىر كۈن ئىچىدە خىتاي ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىدىن 56 سى كۆپەيگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن بىمار 48، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغانلار 8 ئىكەن. خىتاي رېجىمى يۇقۇم باھانىسى بىلەن خەلققە قاراتقان باستۇرۇش ۋە نازارەتنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن بولۇپ، ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقالغان سىنلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قامال سىياسىتىنى ئاشكارىلاپ بەرمەكتە.

خىتاي خەۋەر مەنبەلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 28-ئاۋغۇست كەچتە شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋىرۇستىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئالدىنى ئېلىش تارماقلىرى ۋىرۇسنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، شۇ جاي ۋاقتى سائەت 0 دىن 24 كىچە، شەرقىي تۈركىستاندا كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىدىن 48 كىشىنىڭ يېڭىدىن كۆپەيگەنلىكىنى، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغانلاردىن 8 نىڭ كۆپەيگەنلىكىنى، مەزكۇر يېڭىدىن كۆپەيگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۈرۈمچى شەھىرى، ئىلى ئوبلاستى، سانجى ئوبلاستى، قومۇل شەھىرى، قۇتۇبى ناھىيەسى قاتارلىق رايونلىرىدا بايقالغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقالغان سىنلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، قورچاق ئەمەلدارلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئىنسان قېلىپىدىن ئۇسۇللار بىلەن قامال قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر سىندا خوتەننىڭ گۇما ناھىيەسىگە تەۋە مەلۇم كەنتتە ھويلىلارنىڭ دەرۋازىسىنى كەپشەرلەش ۋاستىسى بىلەن خەلقنى ئۆيلىرىگە قاماپ قويغانلىقى مەلۇم بولغان. مەزكۇر سىندا قورچاق ئەمەلدار يەنە: «ئۈچىنچى گۇرۇپپىغا تەۋە بىر ئىشىكنى كەپشەرلەشكە باشلىدۇق. قانچە ئائىلىدىن سىرتقا چىققانلار بايقالسا، شۇنچە ئائىلىنىڭ ئىشىكىنى كەپشەرلەپ تاقايمىز» دەپ تەھدىت سالغان.

يەنە بىر سىندا خىتاي دائىرىلىرىنىڭ بىر يۈك ماشىنىسىدىن كۆكىرىپ قالغان نانلارنى تۆكۈشكە باشلىغانلىقى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، مەزكۇر سىننى تارقاتقۇچى: «نانلار

تۆكۈلۈۋاتىدۇ، شۇ ئىسراپچىلىقنىڭ دەردىنى يەنە تارتىدىغان كۈنلەر كېلىپ قالىدۇ» دەپ ھەسرەت چەككەن.

يەنە سىندا بولسا خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئاتالمىش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» سىياستى سەۋەبلىك ئۆيىگە قامالغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئاچلىقتا قىينىلىۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئېرى جازا لاگېرى ياكى تۈرمىگە قامىلىپ ئۈچ پەرزەنتى بىلەن قالغان بىر ئايال قاتتىق قامال سەۋەبلىك، ئۆيدە ئاچ قېلىپ جاندىن تويغانلىقىنى ئېيتقان ۋە قورچاق ئەمەلدارلارغا تېلېفون قىلىپ: «بىزنى ئۆيگە سولاپ قويۇپ نېمە قىلىسەن، يولدىشىم بار يەرگە ئېلىپ كەت. ئۇ يەردە نېمە بەرسەڭ ئۈچ بالا بىلەن يولدىشىم بار، بىللە يەپ ياشايلى.

بۇ قۇرۇق ئۆيدە تام غاجاپ ياشامدۇق» دېگەن.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاي رېجىمىنىڭ نۆۋەتتە ئۇيغۇر دېھقانلىرى دەل مول-ھوسۇل ئالىدىغان پەيتتە ھەممە يەرنى قامال قىلىشى، بازارلاردىكى ساناقسىز كۆكتات، مېۋە-چېۋىلەرنىڭ سېسىپ تۆكۈلۈشى، ئۆيلەرگە ئاندا-ساندا يەتكۈزۈپ بېرىلىۋاتقان يېمەكلىكلەرنىڭ زىيادە قىممەت بولۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن مېۋە-چېۋە، كۆكتات ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ ۋەيران قىلىنىشى ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ ئەسلى مەقسىتىنىڭ ۋىرۇسنى تۇسۇش ئەمەس، بەلكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى جىنىدىن جاق تويغۇزۇش، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەپسەندە قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




تۈركىيەدە پائالىيەت قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل ھەرىكىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئېچىلغان 3-نۆۋەتلىك خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان ياشلار ئۇچرىششى ئىستانبۇلدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى.

2018-يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان ھەرقايسى ساھەلەردىكى ياشلارنى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا ئاكتىپ خىزمەت قىلىشقا تەشكىللەش ۋە كەلگۈسىنىڭ رەھبەرلىرى قىلىپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان يېڭى نەسىل ھەرىكىتى كۈنسېرى كۈچەيمەكتە. بۇنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە 26-ئاۋغۇستتىن 28-ئاۋغۇستقىچە داۋاملاشقان 3-نۆۋەتلىك خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان ياشلار

ئۇچرىشىشى ئېچىلدى. ئۇچرىشىشتا شەرقىي تۈركىستان دەۋا سېپىدىكى پېشقەدەملەر دەۋادىكى تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇچرىشىشتا تۈركىيە ئىچى-سىرتىدىن كەلگەن ياشلار جەم بولغان بولۇپ، نۆۋەتتىكى دۇنيا تەرتىپى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى، مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھەقتىكى مەسئۇلىيىتى قاتارلىق نۇقتىلار مۇزاكىرە قىلىندى.

يىغىنىنىڭ ئاخىرقى كۈنى شەرقىي تۈركىستان يېڭى ھەرىكىتى رەئىسى ئابدۇسالام تەكلىماكان 3-نۆۋەتلىك خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان ياشلار يىغىنىنىڭ خۇلاسە دوكلاتىنى ئوقۇپ ئۆتتى. خۇلاسىدە پىلان ۋە تۈرلەرنى ماسلاشتۇرۇش، كۈچەيتىش دائىرىسىدە چىقىرىلغان قارارلارنىڭ تولۇق ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش كېرەكلىكى، بۇ مەسىلىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ ئورتاق ھەمكارلىق ئورنىتىپ، خىتايغا قارشى كۈچلۈك بىرلىكسەپ ھاسىل قىلىش كېرەكلىكى، ياشلارنىڭ ئەمەلىيەتتە خەلقىنىڭ ئۈمىدى ئىكەنلىكى، ھەققانىي كۈرەشتە تېخىمۇ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەكلىكى تەكىتلەندى.




# نۇرى تۈركەل تەيۋەننى خىتايدىن ئاگاھلاندۇردى

ئامېرىكا ۋە تەيۋەن ھۆكۈمىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان 2022-يىللىق دىنىي ئەركىنلىك مۇنبىرى 30-ئاۋغۇست تەيۋەننىڭ تەيبېي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتى رەئىسى نۇرى تۈركەل مۇنبەردە ئېچىلىش نۇتقى سۆزلەپ، تەيۋەن دېموكراتىيەسى ئۈچۈن خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى بىلەن داۋاملىق سۆھبەتلىشىشنىڭ ئەمەلىيەتتە تەيۋەننى «خىتاينىڭ بىر پارچىسى» دەپ قاراشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى تەكىتلىدى.

قىرىم خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 2022-يىللىق دىنىي ئەركىنلىك مۇنبىرىگە تەيۋەن پرېزىدېنتى سەي يىڭۋېن، تەيۋەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى جوسېف ۋۇ، ئامېرىكا خەلقئارا

دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى نۇرى تۈركەل قاتارلىق نۇرغۇن دۆلەت ئەربابلىرى قاتناشقان.

مۇنبەردە ئېچىلىش نۇتقى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىنغان نۇرى تۈركەل خىتاي كومپارتىيەسى ۋە خىتاي رېجىمى تەرىپىدىن «ئاپتونومىيە ھوقۇقى» ۋەدە قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا دۇچ كېلىۋاتقانلىقى ۋە خوڭكوڭدىكى باستۇرۇشنىڭمۇ داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن ۋە خىتاي رېجىمى تەيۋەننى ئىشغال قىلغان تەقدىردە، بۇ يەردىمۇ «مائارىپ»، «تەربىيەلەش» نامىدا ھەر خىل رەزىللىكلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

نۇرى تۈركەل سۆزىدە يەنە تەيۋەننىڭ خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى تەكشۈرىدىغان ۋاقتى كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ: «ئەگەر تەيۋەننى قوغدىيالمىساڭلار، ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىگە قالىسىلەر. ئۇچمە پىش، ئاغزىمغا چۈش دېيىش سىلەرنى بۇ تەقدىردىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ» دەپ تەكىتلىگەن.

نۇرى تۈركەل ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەش ئارقىلىق سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «بىز چوقۇم بۇ رەزىللىكلەرنى دۇنياغا بىلدۈرۈشىمىز ۋە ھەرىكەتكە ئۆتۈشىمىز كېرەك» دېگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە ئاساسەن، خىتاي رېجىمىنىڭ دېموكراتىك ۋە ئەركىن تۈزۈمگە قانچىلىك تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ: «خىتاي رېجىمى خوڭكوڭ ۋە خىتاي خەلقىگە بېسىم ئېلىپ كەلدى، ئەمدى ئۇ تەيۋەنگە بېسىم قىلىۋاتىدۇ. خىتاينىڭ فىرانسىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەڭلار. ئۇ سۆزىدە ئېنىق قىلىپ تەيۋەننىڭ كېيىنكى نىشان ئىكەنلىكىنى، كوممۇنىست پارتىيەنىڭ تەيۋەن خەلقىنى قايتا تەربىيەلەيدىغانلىقىنى تىلغا ئالدى. شۇڭلاشقا بىز خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇرلارغا زىيانكەشلىك قىلغان پاجىئەسىدىن ساۋاق ئېلىشىمىز ۋە ئۆگىنىشلىك قىلىشنى ساقلىماسلىقىمىز كېرەك» دېگەن.

نۇرى تۈركەل يەنە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىنتايىن ساددا ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ، تەيۋەن دېموكراتىيەسى ئۈچۈن خىتاي رېجىمى بىلەن داۋاملىق سۆزلىشىشنىڭ ئەمەلىيەتتە تەيۋەننى «خىتاينىڭ بىر پارچىسى» دەپ قاراشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى تەكىتلىگەن.

تەيۋەن پىرېزىدېنتى سەي يىڭۋېن يىغىندا سۆز قىلىپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن ۋە: «تەيۋەن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشىدۇ» دېدى.

سەي يىڭۋېن يەنە تىۋىتتېردا: «بۇ يىللىق رايونلۇق دىنىي ئەركىنلىك مۇنبىرىدە بىز ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇققا بولغان ۋەدىمىزنى قايتا تەكىتلىدۇق. تەيۋەن دېموكراتىك دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، دىنىي ئەركىنلىكنى قوغداش ۋە كۆپ خىللىقنى قوبۇل قىلىش قاتارلىق تەرەپلەردە بۇ رايوننىڭ ئۈلگىسىگە ئايلىنىش يولىدا قەدەم باسىدۇ» دېگەنلەرنى بىلدۈرگەن.




ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىدىن پەخىرلىنىۋاتقان شى جىنپىڭ

# ئىستىقلال ئاۋازى

**شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟**

**بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

**ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.**


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | **ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق** |
| تەھرىر | **ي. قۇرۇم** |
| لايىھەلىگۈچى | **ي. قۇرۇم** |
| ھەجۋىي رەسىم | **رادۋا ئادىل** |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | **شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى** |
| نەشر تۈرى | **ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى** |
| ئادرېس | **Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük. 2<br>Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL** |

**info@turkistanmedia.com**

**www.istiqlalmedia.com    www.istiqlalhaber.com**

**+90 553 895 19 33    +90 212 540 31 15**

**+90 541 797 77 00**